السنّة النبوية وعلومها
www.sunnah.global

# شۈبھىسىزكى، ئاللاھ تائالا ئۆزىنىڭ ئەلچىسىگە رۇخسەت قىلدى، سىلەرگە رۇخسەت قىلمىدى. ماڭا پەقەت كۈندۈزى ئازراق مۇددەت رۇخسەت قىلىندى، بۈگۈن ئۇنىڭ ھاراملىقى تۈنۈگۈنكىگە ئوخشاشلا قايتىپ كەلدى، شۇئان ھازىر بولغانلار غائىپ بولغانلارغا يەتكۈزۈپ قويسۇن

ئەبى شۇرەيھ خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرىلخۇزائى ئەلئەدەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئەمرۇ ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاسقا مۇنداق دەيدۇ: (ئۇ مەككىگە قوشۇن يوللاشقا تەييارلىنىۋاتقان ۋاقىتتا) ئى ئەمىر ماڭا بىر ھەدىس سۆزلەشكە رۇخسەت بەرسىلە، بۇنى پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى ئەتىسىگەندە دېگەن ئىدى، مېنىڭ ئىككى قۇلۇقۇم ئاڭلىغان، قەلبىم ئۇنى چۈشىنىپ يەتكەن، ۋە سۆزلەۋاتقاندا ئىككى كۆزۈم كۆرگەنىدى، پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ-سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن ئۇ مۇنداق دېدى: شۈبھىسىزكى، مەككىنى كىشىلەر ئۆزلىرى ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلىۋالمىدى بەلكى ئاللاھ تائالا ئۇرۇش قىلىشقا ھارام قىلدى، ئۇنداق بولغانىكەن ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان ئېيتىدىغان ھەر قانداق كىشىگە، ئۇنىڭدا قان تۆكۈش ۋە دەرەخ كېسىش ھالال بولمايدۇ، ئەگەر بىرەر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنىڭدا ئۇرۇش قىلغانلىقىنى بانا قىلىپ ئۆزىگە رۇخسەت تاپسا، ئۇنىڭغا: ئاللاھ تائالا پەيغەمبىرىگە رۇخسەت بەرگەن سىلەرگە ئەمەس، دەڭلار. بۇ ماڭا شۇ كۈنى بىرقانچە سائەتلام رۇخسەت قىلىندى ۋە ئۇنىڭ ھاراملىقى خۇددى ئالدىنقىغا ئوخشاشلام قايتىپ كەلدى. بۇنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن!. باشقىلار ئەبى شۇرەيھتىن: ساڭا ئەمىر نېمە دېدى دەپ سورىۋېدى، ئۇ: ئى ئەبى شۇرەيھ مەن بۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، ھەقىقەتەن ھەرەم گۇناھكارنى، بىرەر قانغا زامىن بولغاننى ۋە بىرەر جىنايەت بىلەن قاچقاننى قوغدىمايدۇ، دېدى

[سەھىھ(بەش شەرت تولۇق بولغادا ھەدىس سەھىھ بولىدۇ)] [ھەدىسنى بۇخارى ۋە مۇسلىم بىردەك قوبۇل قىلغان]

ئەلئەشدەق (مۇنازىرىگە ماھىر) دېگەن نام بىلەن مەشھۇر بولغان ئەمرۇ ئىبنى سەئىد ئىبنى ئاس (ئۇ زاماندا ئۇ يەزىد ئىبنى مۇئاۋىيە تەرىپىدىن مەدىنىگە تەيىنلىگەن ئەمىر ئىدى) مەككىگە ئابدۇللاھ ئىبنى زۇبەير رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ بىلەن ئۇرۇش قىلىش ئۈچۈن ئەسكەر ئەۋەتكىلى تەييارلىق قىلغاندا، ئەبۇ شۇرەيھ خۇۋەيلىد ئىبنى ئەمرۇ ئەلخۇزائى ئەلئەدەۋى رەزىيەللاھۇ ئەنھۇ ئۇنىڭغا نەسىھەت قىلغىلى كەلدى، بۇ نەسىھەت قىلىنغۇچى ئۆز كۆڭلىدە چوڭ ئادەم بولغانلىقتىن، ئەبۇ شۇرەيھ ھىكمەت بىلەن پۇختا ئىش قىلىش يۈزىسىدىن ۋە بۇ نەسىھەتنى قوبۇل قىلىشقا تۈرتكە بولسۇن، ئاقىۋەت تىنچ-ئامان بولسۇن دەپ، ئۇنىڭغا يۇمشاق گەپ قىلدى، شۇڭا ئۇنىڭدىن ئۇ ئالدىراۋاتقان بۇ قوشۇن ئەۋەتىش توغرۇلۇق نەسىھەت قىلىشقا رۇخسەت سورىدى، رىۋايەت قىلماقچى بولغان ھەدىسنىڭ سەھىھ ھەدىس ئىكەنلىكىنى، ئۇنىڭ راس ئىكەنلىكىگە ئىشەنچىسى بارلىقىنى تەكىتلىدى، چۈنكى ئۇ ھەدىسنى ئۇنىڭ ئىككى قۇلىقى ئاڭلىغان، قەلبى ئۆزلەشتۈرگەن ۋە پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام سۆزلەۋاتقاندا ئۆز كۆزى بىلەن كۆرگەنىدى، ئەمرۇ ئىبنى سەئىد ئۇنىڭغا رۇخسەت بىرىۋېدى، ئەبۇ شۇرەيھ دېدى: ھەقىقەتەن پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالام مەككىنى فەتھى قىلغان كۈنى ئەتىسىگەندە، ئاللاھ تائالاغا ھەمدۇ سانا ئېيتىپ بولغاندىن كېيىن مۇنداق دېدى: ئاللاھ تائالا ئاسمان زېمىننى ياراتقان كۈنى مەككىدە ئۇرۇش قىلىشنى ھارام قىلدى، دېمەك؛ مەككىنى ئۇلۇغلاش ۋە مۇقەددەس بىلىش قەدىمدىن بولۇپ كەلگەن ئىشتۇر، ئۇنى كىشىلەر بەزى يايلاقلارنى ۋە سۇلارنى ۋاقىتلىق چەكلىگەندەك چەكلەپ قويمىدى، بەلكى ئۇنى ئۇلۇغلاشنى تېخىمۇ ۋايىغا يەتكۈزۈش ئۈچۈن ئۇنى ھارام قىلىشنى ئۆز ئۈستىگە ئالغىنى ئاللاھ تائالا ئۆزىدۇر. ئۇنى ھارام قىلىش قەدىمى ۋە ئاللاھ تائالا تەرىپىدىن بولغان ئىشتۇر. ئاللاھ تائالاغا ۋە ئاخىرەت كۈنىگە ئىمان

ئېيتقان كىشى ئىمانىنى ساقلاپ قالاي دېسە، ئۇنىڭدا قان تۆكۈشى ۋە دەرەخ كېسىشى ھالال بولمايدۇ، ئەگەر بىرەر ئادەم پەيغەمبەر ئەلەيھىسسالامنىڭ ئۇنى فەتھى قىلغاندا ئۇرۇش قىلغانلىقىنى بانا قىلىپ ئۆزىگە رۇخسەت تاپسا، ئۇنىڭغا: شەكسىزكى سەن پەيغەمبىرىمىزنىڭ ھالىتىدە ئەمەس، ئۇنىڭغا رۇخسەت بېرىلگەنىدى ساڭا رۇخسەت بېرىلگىنى يوق، يۇقىرىدىكى رۇخسەتمۇ دائىم ئۇرۇش قىلىشقا ئەمەستى، ئۇ پەقەت شۇ كۈننىڭ تەقەززاسىغا مۇۋاپىق ھالدا بىرقانچە سائەتلىك ئىدى، ئۇنىڭ ھارامىلىقى ئىلگىرى قانداق ھارام بولغان بولسا، كېيىن شۇ ھالەتكە قايتتى، بۇنى ئاڭلىغانلار ئاڭلىمىغانلارغا يەتكۈزسۇن! دېگەنلىكى ئۆچۈن، مەن شۇ پەتھى كۈنى ئەتتىگەندە بۇ گەپكە ھازىر بولغان، ئۆزلىرى ئۇنىڭغا ھازىر بولمىغانلىقلىرى سەۋەبلىك، سىلىگە بۇنى يەتكۈزدۈم ئى ئەمىر، دېدى. باشقىلار ئەبى شۇرەيھقا: ئەمىر ساڭا قانداق جاۋاپ بەردى؟ دېيىشتى، ئۇ ماڭا مۇنداق جاۋاپ بەردى: ئى ئەبى شۇرەيھ مەن بۇنى سەندىن ياخشىراق بىلىمەن، ھەقىقەتەن ھەرەم گۇناھكارنى، بىرەر قانغا زامىن بولغاننى ۋە بىرەر جىنايەت بىلەن قاچقاننى قوغدىمايدۇ، دېدى. ھەدىسكە ئۆز رەيى بىلەن قارشى تۇردى-دە، ئىبنى زۇبەير بىلەن ئۇرۇش قىلىشقا قوشۇنلارنى چىقىرىشتىن باش تارتمىدى، بەلكى ئۇ ئىشنى داۋاملاشتۇردى.تەيسىيرىل ئەللام (381-بەت)، تەنبىھۇل ئەفهام (3-توم، 509-510-بەتلەر)، تەئسىسۇل ئەھكام (3-توم، 346-بەت

https://sunnah.global/hadeeth/ug/show/4491